


# «جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى»

□ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى لى شىڭ، مېھرىگۈل ناسىر

«بۇ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۆرۈپ، مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى تەرىپلەيمەن.» دېدى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، بېنگالنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك ئەلچىسى نازدرۇل ئىسلام مۇھەممەت. شۇ كۈنى، شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەتتە بولۇۋاتقان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ھەم ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى قەشقەر ۋىلايىتى پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شەھەر ـ يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

پەيزاۋات ناھىيەلىك شەھەر ـ يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش باش پونكىتىدا، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى مۇنۇلارنى ئاڭلىدى: ئىلگىرى پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ ئىچىدىغان سۈيىدە فتور، ئارسېن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش، تەمى قىرتاق، تۇزلۇق بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت ئىدى. 2019 ـ يىلدىن باشلاپ، ھۆكۈمەت 1 مىليارد 749 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 470 مىڭ ئاھالە سۈپەتلىك، بىخەتەر بولغان خاتىرجەم سۇ ئىچەلەيدىغان بولدى.

نازدرۇل ئىسلام مۇھەممەت مۇنداق دېدى: بىز سۈرەتتىن بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىلگىرى ئىنتايىن جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى، ھازىر ناھايىتى ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي كۈچى كۈچىيىپ، غايەت زور مەبلەغ سېلىپ بۇ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپتۇ، ئاممىنى پاكىز، بىخەتەر سۇ ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپلا قالماي، يەنە شۇ جاينىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ياخشىلاپتۇ، شۇ جايدىكىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كۆچلۈك تۈرتكە بولۇپتۇ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپتۇ.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ۋلادىمىر نوروۋ بۇ قۇرۇلۇشنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى. «سۇ ھاياتلىق مەنبەسى، ئادەمنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقى، بىخەتەرلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.» ۋلادىمىر نوروۋ مۇنداق دېدى: شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچى زور دەرىجىدە ئېشىپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىغا گۇۋاھ بولدى، تۆھپىسى ھازىرقىلارغا، پايدىسى كېيىنكىلەرگە بولىدۇ.

ئاقسۇ كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى خاتىرە سارىيىدا، ئاقسۇ خەلقىنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ ئىشلەپ، چۆل باياۋانى يېشىل سەددىچىن سېپىلى، بوستانلىق باغقا ئايلاندۇرغانلىقىدەك شانلىق مۇساپىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ھەربىر كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇردى.

«جۇڭگو ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگونىڭ كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى قويۇپ بېرىشنى 2030 ـ يىلدىن بۇرۇن تىرىشىپ چوققا قىممەتكە يەتكۈزىدىغانلىقىنى، 2060 ـ يىلدىن ئىلگىرى كاربونىي نېيتراللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ بۇلغىما ئازايتىش ۋەدىسى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتتە قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى.» پاكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى موين خاك مۇنداق دېدى: بۈگۈن بىز كۆكياردا جۇڭگونىڭ كاربون قويۇپ بېرىشنى ئازايتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قوشقان غايەت زور تۆھپىسنى كۆردۇق، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىنى تەسىرلەندۈردى.

«جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بۇ يەردىكى كىشىلەر جاپالىق شارائىتتا چۆل ـ جەزىرىنى 10 مىڭ مولۇق ئورمان دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇپتۇ، ھەقىقەتەن قالتىس ئىش ئىكەن.» رۇسىيەنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاقىتلىق ۋاكالەتچىسى ئىۋان رېروخوۋېتسېۋ مۇنداق دېدى: ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ياخشىلىنىشى شۇ جايدىكى خەلقنى پايدىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلىپتۇ. بۈگۈنكى شىنجاڭدا ھەر مىللەت ئامما گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىدىغان، گۈزەل تۇرمۇشتىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان يېڭى مەنزىرە نامايان بولۇۋېتىپتۇ.

# ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش»نىڭ بار ـ يوقلۇقىدا، مەن ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە

□گۇما ناھىيەسىدىكى پاختىكار ھېكىم تۇرۇپ

نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، مەن چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» نامى بىلەن بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ پاختىسىغا بوھتان چاپلىغانلىقى، قارا چاپلىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم، كېۋەز تېرىيدىغان بىر دېھقان بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭغا كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈرىمەن ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

مېنىڭ ئىسمىم ھېكىم تۇرۇپ، بۇ يىل 63 ياش، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيەسىدىن، ئائىلىمىز ھازىر 150 مو يەرگە كېۋەز تېرىدى. ئىلگىرى، ئائىلىمىز ئاساسلىقى بۇغداي ۋە كۆممىقوناق تېرىيتتى، كىرىمىمىز يۇقىرى ئەمەس ئىدى، كېيىن بۇ يەرنىڭ كېۋەز تېرىشقا ماس كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئائىلە كىرىمىمىزنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 2013 ـ يىلى مەن ناھىيەدە قانات يايدۇرۇلغان كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەشكە تىزىملىتىپ قاتنىشىپ، تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا كېۋەز تېرىشقا باشلىدىم.

بىز بىر قىسىم ماشىنا ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ، پاختا مەھسۇلات مىقدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردۇق. بەزىدە پاختا پەرۋىش قىلىشتا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجلىق بولغاندا، بىز كېلىشىپ قويغان باھا بويىچە مائاش بەردۇق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئەمگەكچان ئىككى قولىمىزغا تايىنىپ، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى، بانكىدا ئامانەت قويغان پۇلىمىز بار بولدى، ئائىلىمىز يېڭى ئۆي سالدى، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى ۋە ئۆي جاھازلىرى سېتىۋالدۇق.

چېگرا سىرتىدىكى بەزى كارخانىلار شىنجاڭدا پاختا تېرىشتا ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەۋجۇت دەپتۇ، مەن شۇنى سوراپ باقسام، سىلەر بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلىمىزنى چۈشىنەمسىلەر؟ سىلەرنىڭ بۇ خىل بىلجىرلىشىڭلار ئېنىقكى، ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈگەنلىك! بىز ئۆز تۇپرىقىمىزدا، ئۆزىمىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق كېۋەز تېرىپ، پاختا يىغىپ، تىرىشىپ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز، بۇنىڭغا يەنە بىرىكىمنىڭ مەجبۇرلىشى كېتەمدۇ؟ مېنىڭ سىلەردەك قارىغۇلارچە قالايمىقان سۆز ئويدۇرۇپ چىقارغانلارغا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: ئەمدى ئاغزىڭلارغا كەلگەننى جۆيلىمەي، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىنى ياخشى باشقۇرۇڭلار!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، دىققەتنى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدىكى قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ بايان قىلىش ۋە چوڭقۇر چۈشەندۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا بىر قېتىملىق مول مەزمۇنلۇق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە دەرسى ئۆتتى.

دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بورتالا كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى مائارىپ فاكۇلتېتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى گۇ مىڭمىڭ مۇنداق دېدى: 100 يىللىق پارتىيە تارىخىدىن مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوبۇل قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلەش، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش ئارقىلىق يېڭى دەۋردە تۆھپە يارىتىپ، مەكتەپنىڭ «كېڭەيتىش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش» تەرەققىيات يېڭى مۇساپىسىدە، بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى يېتەكلەپ ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرىمىز.

شىنجاڭ كەسپىي داشۆسىنىڭ لېكسىيە دوكلاتى بېرىش نەق مەيدانىدا، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ داشۆ ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى قەلبىدىن لىتىپ تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى «نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىش» «نېمىنى ئۆگىنىش» «قانداق ئۆگىنىش» قاتارلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، ئاساسلىق مەزمۇنى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر شەرھلەپ چۈشەندۈردى.

«تارىخنى ئۆگىنىش ئارقىلىق بۈگۈننى بىلگىلى بولىدۇ، يېڭى دەۋردىكى ياش داشۆ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ھەربىرىمىز پارتىيە تارىخىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن كۈچ قوبۇل قىلىشىمىز، ئىشەنچنى چىڭىتىشىمىز، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىمىز كېرەك» دېدى شىنجاڭ كەسپىي داشۆسى چەت ئەل تىلى شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى زەمىرە ئەزىم.

كەڭ مائارىپ خىزمەتچىلىرى مۇنداق بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى لېكسىيەنى پۇرسەت بىلىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا كىرگۈزۈشكە پۇختا تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ مەكتەپ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «تىرىشىپ خەلق رازى بولىدىغان مائارىپ بەرپا قىلىش» يېڭى مۇساپىسىنى جاسارەت بىلەن باشلاپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋالىمىز.

# «ھەربىر بالا ئادىل، سۈپەتلىك مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇۋېتىپتۇ»

□ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى مېھرىگۈل ناسىر، لى شىڭ

3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ھەم ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى قەشقەر شەھىرى ئاۋات يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە كېلىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

1957 ـ يىلى قۇرۇلغان بۇ يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى تەخمىنەن 50 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 140 تىن ئاشىدۇ، 58 ئوقۇتۇش سىنىپى بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2700دىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى 1400دىن ئارتۇق. مەكتەپ يېرىم ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولۇش پرىنسىپى بويىچە، ياتاقتا يېتىشنى خالايدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقتا يېتىشىغا، قاتناپ ئوقۇشنى خالايدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتناپ ئوقۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ، يېزا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپكە بېرىپ ـ كېلىشى قولايسىز بولۇش ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئاپىرىپ ـ ئەكېلىشى قولايسىز بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى.

ئەرمېنىيەنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سېرگېي ماناسارىيان مۇنداق دېدى: «مائارىپ بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك. يېرىم ياتاقلىق تۈزۈمدىكى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش مۇھىتى ۋە ياتاق شارائىتى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بالىلىرىنىڭ ياتاقتا يېتىشى ياكى قاتناپ ئوقۇشىنى ئەركىن تاللىيالايدىكەن. بىز بەزى دەرسخانىلارغا كىرىپ، ھەربىر بالىنىڭ ئادىل ھەم سۈپەتلىك مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇق».

«ياتاقلىق تۈزۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلى، ئوقۇش ماتېرىياللىرى ھەققى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىنغاندىن سىرت، يەنە ھەربىر ئوقۇغۇچى ھەر ئوقۇش يىلىدا 1250 يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ قاتناپ ئوقۇيدىغان ھەربىر ئوقۇغۇچى ھەر ئوقۇش يىلىدا 800 يۈەن ئوزۇقلۇق تاماق ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.» ئاۋات يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ئايخۇمار ئالىم مۇنداق تونۇشتۇردى: مەكتەپ ئاشخانىسى يېمەكلىك ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىشتىن تارتىپ پىششىقلاپ تەييارلاشقىچە ھەممىسىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىدۇ، ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە تېخىمۇ قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلىنىدۇ. ياتاقتا يېتىپ ئوقۇغاندىن كېيىن، بالىلارنىڭ بوي ئېگىزلىكى، بەدەن ئېغىرلىقى زور دەرىجىدە ئېشىپ، سالامەتلىك ئەھۋالى تېخىمۇ ياخشىلىنىپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈكسەك ماختىشىغا ئېرىشتى.

چەت ئەللىك مېھمانلار يەنە دەرسخانىلارغا كىردى. سائەت 16، دەل دەرس ۋاقتى بولۇپ، ئازادە، يورۇق ئوقۇتۇش بىناسىدىن كىتاب ئوقۇۋاتقان جاراڭلىق ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چەت ئەللىك مېھمانلار 6 ـ يىللىقتىكى بىر سىنىپقا ئىختىيارىي كىردى، بالىلار ئىنگلىزتىلى دەرسى ئاڭلاۋاتاتتى. «plane!» «bike!»... مۇئەللىم سۈرەتنى تېز سۈرئەتتە ئالماشتۇردى، ئوقۇغۇچىلار ماس كېلىدىغان سۆزلەرنى دەرھال ئېيتتى. ياندىكى سىنىپتا، مۇئەللىم ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى ئۆتۈۋاتاتتى. يەنە ئالدى تەرەپتىكى گۈزەل سەنئەت سىنىپى، مۇزىكا سىنىپىدىن قويۇق سەنئەت پۇرىقى تارقىلىپ تۇراتتى.

مالايسىيانىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك ئەلچىسى سامۇگان سۇبرامانئان مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش مۇھىتى ۋە ئەسلىھەلىرىنى ماختاپ مۇنداق دېدى: «ئوقۇتۇش بىناسى ۋە ياتاق بىناسى ناھايىتى پاكىز ئىكەن، مەخسۇس تۇرمۇش ئوقۇتقۇچىسى بالىلارنىڭ تۇرمۇشى، يېتىپ ـ قوپۇشىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنى ياخشى تۇرمۇش، تازىلىق ئادىتى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەيدىكەن، مەكتەپكە يەنە داۋالاش ئۆيى سەپلىنىپتۇ، شارائىتى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن».

شىنجاڭنىڭ دۆلەتنىڭ مائارىپ سىياستىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يېزا باللىرىنىڭ ئۈچ يىللىق يەسلى مائارىپىنىڭ ھەقسىز ئىكەنلىكىنى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى مائارىپقا ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلىدىغانلىقىنى بىلگەندە، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈرۈشتى: شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى مەكتەپلەرنىڭ بۇنداق ياخشى باشقۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمىز، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىپتۇ، بالىلار بۇ يەردە بەختلىك ئۆسۈپ يېتىلىۋېتىپتۇ، ھۆكۈمەت ھەر مىللەت خەلق ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپتۇ.

ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى ۋە ياتىقىدا، چەت ئەللىك مېھمانلار پات ـ پات يان تېلېفونىنى چىقىرىپ تاماق تىزىملىكى ۋە ياتاق مۇھىتىنى سۈرەتكە تارتتى. شۇ ۋاقىتتا، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 17 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، 300 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كاۋچۇك يۈگۈرۈش يولى بار مەيداندا، مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىدىكى بالىلار مەكتەپ پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. كۈچلۈك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى، مۇكەممەل ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى، جانلىق دەرسخانا كەيپىياتىدىن قايىل بولغان چەت ئەللىك مېھمانلار: «يېزا ئوقۇغۇچىلىرىمۇ مۇشۇنداق ئەلا سۈپەتلىك ئوقۇتۇش بايلىقىدىن بەھرىمەن بولالايدىكەن!»، دېيىشتى.

ئەزەربەيجاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى زەيناللى ئەكرەم مۇنداق دېدى: «بىز شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى كۆردۇق، قايتىپ بارغاندىن كېيىن كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىزنى تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ئېيتىپ بېرىمىز».



چىڭمىڭ بايرىمىنىڭ ئالدىنقى كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار پىدائىي ئېھتىرام بىلدۈرگۈچىلەرگە ئىنقىلابىي قۇربان چېن تەنچيۇنىڭ ئىنقىلابىي ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرمەكتە.

□ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى شى لۇڭ فوتوسى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خوڭگيۇەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن